## 36990 ـ باشقىلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن ھەج قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

بىر ئايال ئەرەبىستانغا كەلدى، ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئارقىلىق ھېچ بىر چىقىم قىلماستىن پەرز ھەجنى ئادا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئۇ ئايالنىڭ قىلغان مۇشۇ ھەججى ئىسلامدا پەرز قىلىنغان ھەجدىن كۇپايە قىلامدۇ؟ چۈنكى بۇ ئايال بۇ قېتىم ئۆز يېنىدىن بىر رىيالمۇ پۇل سەرىپ قىلماي ھەج قىلغان؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئۇ ئايال پەرز ھەجنى ئادا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن مال سەرپ قىلمىغان بولسا ياكى ئاز مىقداردا سەرىپ قىلغان بولسا، ھەج خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقىلار سەرىپ قىلغان بولسا، ھەجنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى  ۋە ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا، گەرچە ھەجنىڭ چىقىملىرىنى باشقىلار قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ پەرز ھەجنى ئادا قىلغان بولىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەجنىڭ سەھىھ بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.